# شىنجاڭ گېزىتى

2020 ـ يىل 12 ـ ئاي
10
پەيشەنبە
维吾尔文 12 月10日

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ئۇدا نەشر بۇيۇمى نومۇرى: CN 65-0002/-W
新疆日报网: www.xjdaily.com

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1-57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25271 ـ سان بۈگۈن 4 بەت


# شى جىنپىڭ فرانسىيە زۇڭتۇڭى ماكرون بىلەن تېلېفونلاشتى

## ئىككى دۆلەت باشلىقلىرى كېيىنكى باسقۇچلۇق جۇڭگو ـ فرانسىيە ھەمكارلىقى توغرىسىدا مۇھىم ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى تېـلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى كەچتە فرانسىيە زۇڭتۇڭى ماكرون بىلەن تېلېفونلاشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بۈگۈنكى دۇنيادا مۇقىمسىزلىق، ئېنىقسىزلىق كۆپىيىپ، تېخىمۇ كۆپ چوڭ دۆلەتنى مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشقا چاقىرماقتا. «مۇستەقىل، ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولۇش، ئۆزئارا چۈشىنىش، ئېگىزدە تۇرۇپ يىراققا نەزەر سېلىش، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئېلىش» جۇڭگو بىلەن فرانسىيەنىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىشتىكى ئەسلىي مەقسىتى. كۆپ تەرەپچىللىكتە چىڭ تۇرۇپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يادرو قىلىنغان خەلقئارا سىستېمىنى قوغداش، خەلقئارا قانۇن ئاساس قىلىنغان خەلقئارا تەرتىپنى قوغداش جۇڭگو ـ فرانسىيە ئىككى دۆلەتنىڭ مۇھىم ئورتاق تونۇشى. بىز ئەسلىي مەقسەتنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئورتاق تونۇشتا چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگو ـ فرانسىيە مۇناسىۋىتىدە رولنى چىڭ تۇتۇپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

# مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش

## —— مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىدىن يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «13 ـ بەش يىل»دىكى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا يېتەكچىلىك قىلغانلىقىغا نەزەر

☐ **شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى**

ھەر يىلىنىڭ ئاخىرىدا يىلدا بىر قېتىم ئېچىلىدىغان مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنى دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ.

مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنى ئارقىلىق ئالدىنقى بىر يىللىق ئىقتىساد خىزمىتىنى خۇلاسىلەش، ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىش، كېلەر يىللىق ئىقتىساد خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرما قىلىش جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتىكى بىر تۈرلۈك مۇھىم تۈزۈم ئورۇنلاشتۇرۇشى.

بەش يىلدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش، تەرەققىيات يېڭى ۋەزىيىتىنى تولۇق ئىگىلەش، ئىلمىي تەدبىر چىقىرىشتا چىڭ تۇردى، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە ئىقتىسادنىڭ تەكشى، مۇقىم، ساغلام تەرەققىياتىنى ساقلىشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشتا ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى، پەن ـ تېخنىكا ئەمەلىي كۈچى، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى يېڭى زور پەللىگە كۆتۈرۈلدى.

**ئېگىزدە تۇرۇپ يىراققا نەزەر سېلىش، پىلان تۈزۈپ ئورۇنلاشتۇرۇش**

**—— پارتىيەنىڭ ئىقتىساد خىزمىتىگە بولغان مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىشتە چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ پۇختا قەدەم بىلەن يىراققا يۈرۈش قىلىشىغا تۈرتكە بولۇش**

2017 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيىدىن كېيىن تۇنجى قېتىم ئېچىلغان مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنى يېپىلدى.

بۇ قېتىمقى يىغىندا، تۇنجى قېتىم شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىقتىساد ئىدىيەسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى چوڭ يۈزلىنىشنى كۆزىتىش، پۈتۈن ۋەزىيەتنى كۆزلەش، ئەمەلىي ئىشلەشتە چىڭ تۇرۇپ، مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنى قاتارلىق مۇھىم يىغىنلاردا ئىقتىساد خىزمىتىگە دائىر بىر قاتار مۇھىم، زور نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت مەسىلىلىرىگە ئىلمىي جاۋاب بېرىپ، دۆلىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىيات چوڭ ۋەزىيىتىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تىزگىنلىدى.

شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىقتىساد ئىدىيەسى يېڭى دەۋردىكى دۆلىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىيات ئەمەلىيىتىنىڭ نەزەرىيە جەۋھىرى، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك سىياسىي ئىقتىسادشۇناسلىقنىڭ ئەڭ يېڭى نەتىجىسى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## گولمۇد ـ كورلا تۆمۈريولىدا پۈتۈن لىنىيە بويىچە قاتناش باشلىنىپ تىجارەتكە كىرىشتۈرۈلدى

### شىنجاڭدا شەرق بىلەن بىرلىشىپ غەربكە چىقىرىش چوڭ يولىدىن يەنە بىرى كۆپەيدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **لۇ فېڭباۋ، ما يىنىڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، گولمۇد ـ كورلا تۆمۈريولىنىڭ شىنجاڭ بۆلىكىدە قاتناش باشلىنىپ تىجارەتكە كىرىشتۈرۈلدى. بۇ، گولمۇد ـ كورلا تۆمۈريولىدا پۈتۈن لىنىيە بويىچە قاتناش باشلىنىپ تىجارەتكە كىرىشتۈرۈلگەنلىكى، دۆلىتىمىزدە شىنجاڭغا كىرىپ چىقىدىغان تۆمۈريول چوڭ يولىدىن يەنە بىرىنىڭ كۆپەيگەنلىكى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاممىنىڭ شىنجاڭدىن چىقىدىغان ئارىلىقى ئەڭ قىسقا تۆمۈريولغا ئىگە بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

سائەت 9دىن 40 مىنۇت ئۆتكەندە، پويىز كورلا ۋوگزالىدىن دەل ۋاقتىدا يولغا چىقىپ، كۆللەردىن ھالقىپ، قۇملۇقلارنى كېسىپ ئۆتۈپ، ئېگىز تاغلاردىن ھالقىپ، شەرقىي جەنۇبقا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. پويىز ھەربىر ۋوگزالغا كەلگەندە، شۇ جايدىكى ئامما ۋوگزال سۇپىسىدا رەڭدار شايىلارنى پۇلاڭلىتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، قەلبىدىكى خۇشاللىقنى ئىپادىلىدى. چاقىلىق ناھىيەسىدىكى 69 ياشلىق ئاھالە رېھىم توختى ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «سىرتقى دۇنيا بىلەن بىردىنلا يېقىنلىشىپ قالغاندەك ھېس قىلدىم،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

**يېڭى باشلىنىش يېڭى مۇساپە**

# ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 11 ـ ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلدى

## «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ 14 ـ بەش يىللىق يىرىك پىلانى ۋە 2035 ـ يىلىغىچە بولغان كەلگۈسى نىشانىنى تۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىپى» «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 11 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قارارى» قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى

## ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتى يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى چېن چۈەنگو سۆز قىلدى




12 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈندىن 9 ـ كۈنىگىچە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 11 ـ ئومۇمىي يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. سۈرەتتە: يىغىن مەيدانى.
☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز سۈي جىجيەن فوتوسى




12 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈندىن 9 ـ كۈنىگىچە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 11 ـ ئومۇمىي يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا قاتنىشىپ ھەم سۆز قىلدى.
☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز سۈي جىجيەن فوتوسى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 11 ـ ئومۇمىي يىغىنى 12 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈندىن 9 ـ كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلدى.

ئومۇمىي يىغىنغا ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتى رىياسەتچىلىك قىلدى.

ئومۇمىي يىغىندا پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھى چوڭقۇر ئۆگىنىلدى، ئىزچىللاشتۇرۇلدى، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ 14 ـ بەش يىللىق يىرىك پىلانى ۋە 2035 ـ يىلىغىچە بولغان كەلگۈسى نىشانىنى تۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىپى» قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو «تەكلىپ (مۇزاكىرە نۇسخىسى)» توغرىسىدا ئومۇمىي يىغىنغا ئىزاھات بەردى ھەم سۆز قىلدى.

شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئابىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى پېڭشىن، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، لى يىفېي، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن، ۋاڭ مىڭشەن قاتارلىقلار قاتناشتى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى، كاندىدات ئەزالىرى يىغىنغا قاتناشتى.

ئومۇمىي يىغىندا بىردەك مۇنداق قارالدى: پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى دۆلىتىمىز يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرىش ئالدىدا تۇرغان، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئاچقۇچلۇق مەزگىلدە تۇرۇۋاتقان پەيتتە ئېچىلغان بىر قېتىملىق پۈتۈن ۋەزىيەت خاراكتېرلىك، تارىخىي خاراكتېرلىك ئەھمىيەتكە ئىگە يىغىن. 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

## گۈزەل ئۇلۇغۋار پىلان تۈزۈش دەۋر مۇساپىسىدە جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش

### —— ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 11 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن خاتىرە

☐ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىڭرۇي**

دەۋر چاقى توختىماي ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە، «14 ـ بەش يىل»نىڭ يېڭى مۇساپىسى پات يېقىندا باشلىنىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 11 ـ ئومۇمىي يىغىنى 12 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈندىن 9 ـ كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى، يىغىندا «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ 14 ـ بەش يىللىق يىرىك پىلانى ۋە 2035 ـ يىلىغىچە بولغان كەلگۈسى نىشانىنى تۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىپى» قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى.

بۇ، شىنجاڭنىڭ يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىدا جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەيدىغان «يول خەرىتىسى»، تېخىمۇ گۈزەل ئەتە بەرپا قىلىدىغان «خىتابنامە» بولۇپ، شىنجاڭنى كېيىنكى بەش يىل ھەتتا تېخىمۇ ئۇزاق مەزگىل پۇختا قەدەم بىلەن يىراققا يۈرۈش قىلىشقا يېتەكلەيدۇ.

يېڭى تارىخىي باشلىنىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ، شىنجاڭدىكى 25 مىليون ھەر مىللەت ئوغۇل ـ قىزلىرى جەڭگىۋارلىقنى ئاشۇرۇپ، قايتا يولغا چىقتى!

**بىر قېتىملىق ئۇزاق كەلگۈسىنى پىلانلىغان يىغىن:**

**ئىدىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش كۈچنى مۇجەسسەملەش**

مۇھىم ۋاقىت تۈگۈنى دائىم قالتىس تارىخىي بۇرچنى زىممىسىگە ئالىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 11 ـ ئومۇمىي يىغىنى دەل بىزنىڭ يېڭى مۇساپىمىز باشلىنىش ئالدىدىكى ئاچقۇچلۇق پەيتتە، شىنجاڭنىڭ كەلگۈسى تەرەققىيات مەنزىرىسىنى سىزىپ چىقىدىغان بىر قېتىملىق مۇھىم يىغىن.

«14 ـ بەش يىل» مەزگىلى شىنجاڭ جەمئىيەت مۇقىملىقى نەتىجىسىنى مۇستەھكەملەيدىغان، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولىدىغان، ئەبەدىي ئەمىنلىككە ئاتلىنىدىغان ئاچقۇچلۇق بەش يىل —— بۇ، دۆلەت تەرەققىياتىنىڭ يېڭى تارىخىي ئورنىدا، شىنجاڭ مەۋقەنى ئۆز ئەمەلىيىتىگە قويۇپ بېكىتكەن دەۋر ئورۇن بەلگىلىشى. تەرەققىياتنى ياخشى پىلانلاش مۇھىم، زور ئىشلارغا مۇناسىۋەتلىك، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى بۇنىڭغا يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى.

قانداق پىلانلاش كېرەك؟ يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بايراق كۆتۈرۈپ يۆنىلىش بېكىتىپ، رولچى بولۇپ يول باشلاپ، بىزگە ئالغا ئىلگىرىلەش يۆنىلىشى كۆرسىتىپ بەردى.

پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى كەلگۈسى بەش يىل ھەتتا تېخىمۇ ئۇزاق كەلگۈسى تەرەققىياتنى كۆزلەپ، ئۇلۇغۋار پىلان تۈزۈپ، يول پىلانلاپ، ئىستراتېگىيەنى ئورۇنلاشتۇرما قىلدى؛ 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئىستراتېگىيە ۋە پۈتۈن ۋەزىيەت يۈكسەكلىكىدىن يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭ خىزمىتىنى پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىگە تۈرتكە بولىدىغان نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرما قىلدى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

## يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىشنىڭ يېڭى مۇساپىسىنى باشلايلى

### —— ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 11 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

☐ **گېزىتىمىز ئوبزورچىسى**

ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 11 ـ ئومۇمىي يىغىنى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلق پات ئارىدا پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەتكە قەدەم قويىدىغان، بىرىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسى باشلايدىغان مۇھىم تارىخىي پەيتتە ئېچىلغان بىر قېتىملىق مۇھىم يىغىن. ئومۇمىي يىغىندا پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھى چوڭقۇر ئۆگىنىلدى، ئىزچىللاشتۇرۇلدى، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ 14 ـ بەش يىللىق يىرىك پىلانى ۋە 2035 ـ يىلىغىچە بولغان كەلگۈسى نىشانىنى تۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىپى» قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى، «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدىكى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسى،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)